# شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە غەربىي ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان تاشقى سودىسىنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر

پۇ كەيفۇ

شىنجاڭ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، دېڭىز پورتلىرىدىن خېلى يىراق، شۇڭا ئۇنىڭ ترانسپورت لىنىيىسى ئۇزۇن، قاتنىشى قولايسىز. بۇ ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىغا خاس بولغان ئومۇمىي ئالاھىدىلىك. مۇشۇنداق جۇغراپىيىلىك ئورۇن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى سودا يۆنىلىشىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزمەكتە. ئەلۋەتتە، دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى، دۆلەت بىلەن رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتى جۇغراپىيىلىك شارائىت تەرىپىدىنلا ئەمەس، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي مۇناسىۋەت، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى، ئىككى تەرەپنىڭ مەھسۇلاتقا بولغان ئېھتىياجى تەرىپىدىنمۇ بەلگىلىنىدۇ. بىز مۇشۇنداق ئېلېمېنتلارغا ۋە مۇشۇنداق ئېلېمېنتلار ئۈستىدىكى ھەر تەرەپلىمە تەھلىل ۋە تەتقىقاتلارغا ئاساسلىنىپ، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ۋە غەربىي ئاسىيادىكى باشقا ئەللەر بىلەن بولغان تاشقى سودىسىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ئۈستىدە مۇنداق قىياس قىلساق بولىدۇ:

1. سوۋېت ئىتتىپاقى كەلگۈسىدىكى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ سودا ھەمراسى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇنى يەنىلا تىرىشچانلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا 50-يىللاردا ناھايىتى زور كۆلەملىك تاشقى سودا يولغا قويۇلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، سودا سوممىسى ئۈزلۈكسىز ھالدا تۆۋەنلەپ كەتكەن، 60 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان. ھازىر، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسى يەنىلا چوڭ ئەمەس (جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى

سودىسى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 1% چىسىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ جۇڭگونىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 3% چىسىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلغان مېلىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 13% چىسىنى تەشكىل قىلىدۇ). ئەمما ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش جەريانىدا تۇرماقتا، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان يەرلىك سودىسى تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلماقتا. ئىككىنچىدىن، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستاندىن ئىبارەت ئۈچ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى بىلەن بىۋاسىتە چېگرىداش، بۇ ئەۋزەللىكنى باشقا دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ شۇنىڭدەك مەملىكىتىمىزنىڭ بىرمۇنچە ئۆلكە - رايونلىرىنىڭ ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. تارىختا شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا سودا ئالاقىسى ئېلىپ بېرىلغان ئون پورت بار ئىدى، ھازىر ئۇنىڭ ئۈچى (قورغاس، تورغات، بەختى) بار. بولۇپمۇ قورغاس پورتى يۈز نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە، ئۇ ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ زور پورت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ پورتنىڭ ئاساسى ياخشى، ئۇ جۇڭگو-سوۋېت سودىسىنىڭ زور تەرەققىياتى ئۈچۈن تەييارلىق قىلماقتا. ئۈچىنچىدىن، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى يېقىن ئارىدىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەرب تەرەپتىكى تۆمۈر يولى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۇ جۇڭگو - سوۋېت تاشقى سودىسى ۋە ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقىغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ. تۆتىنچىدىن، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز ھالدا ياخشىلانماقتا، بۇ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سودىنىڭ كەلگۈسىدە يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىنىڭ سىياسىي كاپالىتى. بەشىنچىدىن، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھازىر دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئىقتىسادىي دۆلەت، ئۇ پولات - تۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، ياغاچ، سېمونت، تراكتور، پاراۋوز، ستانوك قاتارلىق نۇرغۇن مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىگە يېتەلمىسىمۇ، لېكىن 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ناھايىتى تېز ئۆستى. بىر مۇنچە مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ مىقدارى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەتلەر ئىچىدە بىر نەچچىنچى ئورۇنغا ئۆتتى، مەسىلەن، پولات، كۆمۈر، نېفىت، ئاشلىق، پاختا، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق

سانائەتى مەھسۇلاتى قاتارلىقلار. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ مەلۇم مىقداردىكى مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئالماشتۇرالايدىغان بولىدۇ. بۇ جۇڭگو – سوۋېت سودىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسى. ئالتىنچىدىن، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر – بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشىدا ئىمكانىيەت خېلى چوڭ. سوۋېت ئىتتىپاقى، ئۇزاقتىن بۇيان، ئېغىر سانائەتنى ئالدى بىلەن راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ كەلگەنلىكتىن، ئۇ يەردە ئېغىر سانائەت بەك تەرەققىي قىلىپ كېتىش، يېنىك سانائەت تەرەققىي قىلماسلىقتەك غەيرىي نورمال ھادىسە يۈز بېرىپ كەلدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى نىسبەتنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ خەلق ئىگىلىكىگە ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا قارىتا يامان ئاقىۋەت-لەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى (سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ ئىستېمال سەۋىيىسىنىڭ دۇنيا بويىچە 20 نەچچىنچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاممىنىڭ تېگىشلىك دەرىجىدە نەپكە ئىگە بولالمايۋات-قانلىقىنى، كەڭ ئاھالىنىڭ نارازى بولۇۋاتقانلىقىنى) بايقاپ، بۇ ئەھۋالنى ئۆز-گەرتىشكە كىرىشتى، ئەمما نەچچە ئون يىلدىن بۇيان كەسىپلەر قۇرۇلمىسى جەھەتتە شەكىللىنىپ كەلگەن بۇنداق ئەھۋالنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە تامامەن ئوڭشاپ كېتىش قىيىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە پولات ماتېرىيال، سېمونت، خىمىيىۋى ئوغۇت، ياغاچ ماتېرىيال قاتارلىق ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى كۆپلەپ ئېكسپورت قىلىشىغا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خېلى كۆپ يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى (مەسىلەن، توقۇمىچىلىق سانائىتى مەھسۇلاتلىرى، كىيىم – كېچەك، ئاياغ كىيىمى، كۈندىلىك لازىمەتلىكلەر)، ئاشلىق قاتارلىقلارنى ئىمپورت قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. مەملىكىتىمىزدە بولسا ئەھۋال بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشقا، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئىككى تەرەپنىڭ سودا ئالاقىسىنى كېڭەيتىشكە ئىمكانىيەت ناھايىتى كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىسى كەڭ تەرەققىيات ئىستىق-بالىغا ئىگە. كەلگۈسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋەزى-پىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىغان تەقدىردىمۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئېغىر سانائەت مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا سودا

قىلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى دۆلەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئىشەنچىنى ئېچىۋېتىشى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئارقىسىدا، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئاشىۋېرىدۇ، تەلەپمۇ بارغانسېرى ئۆسىدۇ. بۇ ھال ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىككى دۆلەتنىڭ سودىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

دەرۋەقە، جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىدىكى بەزى سىياسىي ئامىللار ھېلىھەم مەۋجۇت. مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنىڭ ئۇسۇلى ھازىرقى ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت بىلەن ماسلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئىچكى ئۆلكە، رايونلارنىڭ بەزىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودىلىشىش جەھەتتە بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى پايدىلىق شارائىتلاردىن مۇمكىن بولۇشىچە پايدىلىنىشتىن تاشقىرى، تېخىمۇ مۇھىمى سۇبيېكتىپ جەھەتتە پائال تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم. ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، بىر مۇنچە تىجارەتلىرىمىز خەقنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

2. كەلگۈسىدىكى تۈركىيە نېفىت ئىمپورت قىلىش جەھەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ خېرىدارى بولۇپ قېلىشى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز غەربىي ئاسىيا بازىرىنىڭ ئاساسلىق رىقابەتچىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئاسىيادا، بىر قىسمى ياۋروپادا، بوسفورۇس بوغىزى بىلەن داردانېل بوغىزى قارادېڭىزنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزغا قويۇلىدىغان بىردىنبىر ئېغىزى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. مۇشۇنداق جۇغراپىيىلىك ھالەت تۈركىيىنى سىياسىي جەھەتتىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ، مەدەنىيەت، ئىدىيە جەھەتتىمۇ پەۋقۇلئاددە ئورۇندا تۇرىدىغان قىلىپ قويغان. تۈركىيە بىر تەرەپتىن غەرب ئەللىرى بىلەن خېلى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولالايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا شەرقتىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىپ تۇرالايدۇ، يەنە تېخى شەرق ئەللىرى بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىق قىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ تاشقى سودىسىنىڭ ۋە ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق قوش سالاھىيەت تۈركىيىنى كەلگۈسىدىكى ئوتتۇرا شەرق بازىرىدا بولىدىغان رىقابەتتە نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە دۇنيا بويىچە تۈركىيىگە يېتەلەيدىغان دۆلەت ناھايىتى ئاز.

تەبىئىي شارائىت، ئىقتىسادىي كۈچ ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىمۇ تۈركىيە مەلۇم ئۈستۈنلۈككە ئىگە. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زېمىنى شىمالىي

مۆتىدىل بەلباغقا جايلاشقان بولۇپ، ئۈچ تەرىپى دېڭىز بىلەن ئورالغان، يامغۇر - يېشىن يېتەرلىك. تۈركىيىنىڭ زېمىنى 780 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلا بولسىمۇ، لېكىن يەر بايلىقى خېلى مول. ھازىر تېرىلىدىغان يېرىنىڭ كۆلىمى 28 مىليون 500 مىڭ گېكتار بولۇپ، كىشى بېشىغا 8.6 مودىن توغرا كېلىدۇ. ھازىر ئاھالىسى 52 مىليون بولۇپ، ئەمگەك كۈچى خېلى تولۇق. يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئۆسۈش نىسبىتى 7.2%، ئۇنىڭ يىللىق ئاشلىقى 28 مىليون 300 مىڭ تونىنغا، كېۋەزى 1 مىليون 560 مىڭ تونىنغا، تاماكىسى 194 مىڭ تونىنغا يېتىدۇ؛ مېۋە - چېۋىلىرى مول، ئۈزۈم قۇرۇتۇش تېخنىكىسى ئىنتايىن نەپىس، ئۈزۈم ئېكسپورت قىلىش مىقدارى جەھەتتە دۇنيا بويىچە 1- ئورۇندا تۇرىدۇ؛ كالا، قوي قاتارلىق چارۋىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 90 مىليون تۇياق، ئەنقەرە يۇڭى پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر. سانائەت جەھەتتە، توك چىقىرىش مىقدارى 339 مىليون 400 مىڭ ۋاتقا يېتىدۇ، پولات مەھسۇلاتى 4 مىليون 930 مىڭ تونىنا. قوڭۇر كۆمۈرى 30 مىليون 450 مىڭ تونىنا، سېمونتى 17 مىليون 600 مىڭ تونىنا. نېفىتى 2 مىليون 129 مىڭ تونىنا. شېكىرى 2 مىليون 12 مىڭ تونىنا. پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئۆسۈش نىسبىتى 7.9% بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم 1 مىڭ 200 ئامېرىكا دوللىرىدىن توغرا كېلىدۇ. بۇ شۇنداق دېگەنلىك بولىدۇكى، تۈركىيە خېلى زور ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە. مۇشۇ ئاساستا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېتىدىغان ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئۇنى ياۋروپا بىرلىكىگە كىرىشنىڭ شەرتى قىلدى: 1) كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىمنى 3 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكۈزۈش؛ 2) يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارىنى 3 — 4 ھەسسە ئاشۇرۇپ، تۈركىيىنى ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئاشلىق كانىغا ئايلاندۇرۇش؛ 3) توقۇمىچىلىق ۋە ماشىنىسازلىق جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئاساسلىق دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇش؛ 4) ياۋروپا بىرلىكىگە رەسمىي قاتنىشىپ، ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەر قاتارىغا قىستىلىپ كىرىش. تۈركىيىنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سۈرئىتىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى مۇمكىن. تۈركىيە ئالدىن بەلگىلەنگەن ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىدا ۋە سىياسىي ئورنىدا زور ئۆزگىرىش بولىدۇ؛ تۈركىيە تەرەققىي تاپقان دۆلەت (تۆۋەن سەۋىيىدىكى بولسىمۇ) قىياپىتى ۋە سالاھىيىتى بىلەن ياۋروپا بىرلىكىگە قاتنىشىپ، فرانسىيە، فېدراتىپ

گېرمانىيە، ئىتالىيە، ئەنگلىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگ، دانىيە قاتارلىق تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدىغان بولىدۇ؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە، تۈركىيە ئاسىيا رايونىدا ياپونىيە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق نېفىت كىرىمى يۇقىرى دۆلەتلەردىن ۋە «تۆت كىچىك ئەجدىھا» دىن قالسىلا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر قاتارىغا بىرىنچى بولۇپ كىرگەن دۆلەت بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، تۈركىيە بىر تەرەپتىن، ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن ئىقتىسادىي، سودا مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشى، بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ سودا سوممىسى تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئېشىشى مۇمكىن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ چاغدىكى تۈركىيە رايونىمىزنىڭ سودا ھەمراسى بولۇپلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ مۇھىم رايونىمىزنىڭ كۈچلۈك رىقابەتچىسى بولۇپ قېلىشى، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە شۇنداق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى تۈركىيە 1952 - يىلىدىن باشلاپلا ئاشلىق ئېكسپورت قىلىشقا كىرىشكەنىدى، 1976 - يىلىدىن بۇيان ھەر يىلى ئاشلىق ئېكسپورت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ؛ كىشى بېشىغا مىڭ كىلوگرامدىن ئاشلىق توغرا كەلگەن ئەھۋالدا، تۈركىيە تېخىمۇ كۆپ ئاشلىق، ئېشىنىپ ئېكسپورت قىلىپ، ئوتتۇرا شەرق بازىرىنى ئىگىلەپ، شۇ رايوننىڭ ئاشلىق كانىغا ئايلىنىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا، ئەۋزەل جۇغراپىيىۋى ئورنى، ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان قوشنا دۆلەتلەرگە ئاشلىق ئېكسپورت قىلىشنىڭ ئەپلىك شارائىتلىرى، خېلى بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كەلگەن ئاشلىق، نېفىت سودىسى مۇناسىۋىتى شۇنىڭدەك مۇشۇنداق ئۆز ئارا بېقىنىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى تۈركىيىنىڭ ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ ئاشلىق سودىسىنى كونترول قىلىشىغا ئىنتايىن پايدىلىق بولىدۇ. تۈركىيە يېزا ئىگىلىكىنىڭ باشقا مەھسۇلاتلىرى (مەسىلەن، كالا، قوي گۆشى، ئۈزۈم، پاختا، تاماكا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش) جەھەتتىمۇ ئالاھىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەلەيدۇ. تۈركىيە توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ، پولات - تۆمۈر، كۆمۈر مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى جەھەتتىمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىن ناھايىتى كۆپ ئالدىدا تۇرىدۇ.

ئەمما تۈركىيە نېفىت بايلىقى كەم دۆلەت. ھازىر ئۇنىڭ يىللىق نېفىتى ئاران 2 مىليون توننا بولۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنىڭ 10% ىنىلا قامدىيالايدۇ، دېمەك، ئېھتىياجلىق نېفىتنىڭ 90% ىنى چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن

بۇيان، تۈركىيە ھەر يىلى 3 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى خەجلەپ 20 مىليون توننىدىن ئارتۇق نېفىت ئىمپورت قىلىۋاتىدۇ. كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بارغاندا، 25 مىليون توننىدىن 30 مىليون توننىغىچە نېفىت ئىمپورت قىلىشى، بۇنىڭغا 5 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى خەجلىشى مۇمكىن. ھالبۇكى دېڭىز قولتۇقى رايونىنىڭ نېفىت زاپىسىغا ۋە ھازىرقى قېزىش سۈرئىتىگە ئاساسلانغاندا، شۇ يەردىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ نېفىت قېزىشى 2050 - يىلغا بارغاندا ئاخىرقى مەزگىلىگە كىرىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئىران، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، بەھرەيىن، قاتار، ئومان قاتارلىق دۆلەتلەردىن بەھرەيىن، قاتار، ئوماندىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياكى كېلەر ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا نېفىت ئېلىشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كىرىدۇ. دېمەك، بۇ دۆلەتلەر كەينى - كەينىدىن نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەت بولۇش سالاھىيىتىدىن قالىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىراق ۋە كۇۋەيتتىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتلا نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەت بولۇش سالاھىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالايدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، مەلۇم مىقداردا زاپاس ساقلايدۇ- دە، كۆپلەپ ئېكسپورت قىلمايدۇ. شۇ ۋاقىتقا بارغاندا، دۇنياۋى خاراكتېرلىك نېفىت قىسلىقى يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نېفىت بايلىقى ئىنتايىن مول، ھازىر كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا تۇرماقتا، 50 - 60 يىلدىن كېيىن مول مەھسۇلات بېرىش دەۋرىگە كىرىدۇ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى نەچچە يۈز مىليون توننىغا يېتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈركىيىنىڭ نېفىت سودىسىنى قولغا كەلتۈرەلىشىمىز مۇمكىن.

3 . پاكىستان غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە بازار. بولۇپمۇ يېقىلغۇ ئىمپورت قىلىش جەھەتتە، ئەمما ئېچىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى خېلى يۇقىرى. پاكىستان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىن قوشنىسى، زېمىنىنىڭ كۆلىمى تۈركىيىنىڭكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش (796 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىر)، ئەمما نوپۇسى تۈركىيىنىڭكىدىن بىر ھەسسە كۆپ، ھازىر 100 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. زىياھەق ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن دۆلەت ئىختىيارىغا ئالماسلىق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، خۇسۇسىي ئىگىلىككە ئىلھام بېرىپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ مەبلىغىنى ۋە مۇھاجىرلار پۇلىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، پاكىستاننىڭ ئىگىلىكىنى مۇقىم راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پاكىستاننىڭ ئىقتىسادى

ھەر يىلى 6% ئۆسۈۋاتىدۇ. 1984 - يىلدىن باشلاپ، پاكىستان ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان بولدى، 1987 - يىلى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ پاختا ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەت بولۇپ قالدى. ھازىر پاكىستاننىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 400 نەچچە ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، شۇنداق قىلىپ جەنۇبىي ئاسىيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. ئەمما پاكىستاننىڭ ئىقتىسادىدا تۈپ خاراكتېرلىك ئاجىزلىقلار بار، ئەڭ گەۋدىلىكى يېقىلغۇسىنىڭ يېتىشمەسلىكى. بىلىشىمىزچە، پاكىستاننىڭ يەر ئاستى نېفىت زاپىسى ئاران 65 مىليون توننا، كۆمۈر زاپىسى 580 مىليون توننا، تەبىئىي گاز زاپىسى 441 مىليارد كۇبمېتىر ئىكەن. يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان نېفىتى 1 مىليون 250 مىڭ توننا، كۆمۈرى 2 مىليون 160 مىڭ توننا، تەبىئىي گازى 10 مىليارد 200 مىليون كۇبمېتىر ئىكەن. ناھايىتى ئېنىقكى، يۈز مىليوندىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە بولغان چوڭ مەملىكەتتە بۇنىڭچىلىك زاپاس ۋە مەھسۇلات ھېچقانچە گەپ ئەمەس. كىشى بېشىغا چېچىپ ھېسابلىغاندا، نېفىت 12.5 كىلوگرامدىن، كۆمۈر 21.6 كىلوگرامدىن، تەبىئىي گاز 103 كۇبمېتىردىنلا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن يېقىلغۇ ئىمپورت قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. نېفىتنىلا مىسالغا ئالساق، ھازىر ئۇلار ھەر يىلى 5 مىليون توننىدىن 6 مىليون تونىغىچە نېفىت ئىمپورت قىلىدۇ، 2050 - يىللارغا بارغاندا، ئۇلار ھەر يىلى 15 مىليون توننىدىن 20 مىليون تونىغىچە نېفىت ئىمپورت قىلىشى، يەنە نۇرغۇن كۆمۈر ئىمپورت قىلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ئاندىن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېھتىياجىنى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالى پاكىستاننىڭكىنىڭ دەل ئەكسىچە، پاكىستاننىڭ يېتەرسىزلىكى دەل بىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىمىز. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نېفىت، كۆمۈر بايلىقى ئىنتايىن مول، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نېفىتلىكى ئومۇميۈزلۈك ئېچىلغاندىن كېيىن، تەبىئىي ھالدا بازار تېپىشقا مۇھتاج بولىدىغان نۇرغۇن نېفىتنىڭ بارلىققا كېلىشى تەبىئىي. شۇنداق ئەھۋالدا، بىز پاكىستانغا نېفىت ۋە باشقا نېفىت مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورت قىلىشنى ئويلىشىپ كۆرۈشىمىز مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ نۇقتىنى ئورۇنداش جەھەتتە خېلى زور قىيىنچىلىق بولىدۇ، نېفىت چارلاش، نېفىت ئېلىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلاردىن تاشقىرى، ئاساسەن يەنە مۇنداق قىيىنچىلىقلار بار: (1) نېفىت توشۇش ئۈچۈن، دېڭىز يۈزىدىن 5 مىڭ مېتىر ئېگىز بولغان قونجىراپ داۋىنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇ يەردە تاغ ئېگىز، ئوكسىگېن يېتىشمەيدۇ، كىلىمات يامان، قاتناش قىيىن، ترانس-

پورت ھەققى يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر يىلى ئالتە ئاي مۇز تۇتىدۇ؛ (2) ئاپتونوم رايونىمىز بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدا ھازىرغىچە نېفىت سودىسى مۇناسىۋىتى ئورنىتىلمىدى، ئوتتۇرا شەرق نېفىتى تازا ئېچىلىۋاتقان ئەھۋالدا، بۇنداق مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن شىددەتلىك رىقابەتنى باشتىن كەچۈرۈشكە، سۈپىتى ياخشى، باھاسى ئەرزان نېفىت ياكى نېفىت مەھسۇلاتلىرى ئارقىلىق ئۈستۈنلۈك قازىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

4. ئۇرۇشتىن كېيىن، ئىران بىلەن ئىراقنىڭ كەڭ بازار بولۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ، ئەمما ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تۆلەش كۈچى چەكلىك، رىقابىتى پەۋقۇلئاددە كەسكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ مەملىكىتىمىز نېفىتىنىڭ ئاساسىي خېرىدارى ئەمەس، ئۇلار بىلەن بۇ جەھەتتە چوڭراق سودا قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئىران – ئىراق ئۇرۇشى توپتوغرا سەككىز يىل داۋام قىلدى، بۇ جەرياندا 600 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم جېنىدىن جۇدا بولدى، 1 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم يارىدار بولدى، 540 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق ئىقتىسادىي زىيان بولدى، ھەر ئىككى تەرەپ ھالىدىن كەتتى، ئاخىر ئۇرۇشنى توختىتىپ سۈلھىگە كەلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، ئىراندىمۇ، ئىراقتىمۇ جاراھەتلىرىنى ساقايتىپ، دۆلەتنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقىشتەك مۈشكۈل ۋەزىپىگە دۇچ كەلدى. مەلۇم بولۇشىچە، سەككىز يىللىق ئۇرۇش ئىراقنى 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق قەرزگە گىرىپتار قىلىپ قويغان، ئىراننىڭ 8 مىڭ زاۋۇتىنىڭ تاقىلىشىغا سەۋەب بولغان، ئىشسىز ئاھالىسىنىڭ نىسبىتىنى 35% كە يەتكۈزگەن. مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش ھەججىمىنى 510.7% كە يەتكۈزگەن. ئەلۋەتتە، ئىراندىمۇ، ئىراقتىمۇ ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى چوڭ دۆلەت، ئىككى دۆلەتنىڭ زېمىنى جەمئىي 208 مىليون كۋادرات كىلومېتىر، ئاھالىسى 62 مىليوندىن ئارتۇق. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىككىلىسى نېفىت دۆلىتى، بۇ ئىككى دۆلەت ھەر يىلى 200 مىليون توننا نېفىت ئىشلەپچىقىرىدۇ، ھەر يىلى نۇرغۇن نېفىت ئېكسپورت قىلىدۇ. ئەمما بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئىككىلىسى يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە ئارقىدا قالغان، ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەيدۇ، ھەر يىلى 3 مىليون توننىدىن 4 مىليون توننىغىچە ئاشلىق ئىمپورت قىلىشقا مۇھتاج بولىدۇ. دېمەك، ئىران بىلەن ئىراق چوڭ بىر بازار، ئاھالىسى، زېمىنىنىڭ كۆلىمى جەھەتتىن قارىغاندا، ئىران تېخىمۇ چوڭ بازار. ئەمما بۇ بازار سەككىز يىللىق ئۇرۇشنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ھۆتمەتۆشۈك بولۇپ كەتكەن. ئىران بىلەن ئىراق دۆلەتنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئاشلىق ۋە كالا – قوي گۆشىگە مۇھتاج بولۇپلا قالماي،

نۇرغۇن پولات ماتېرىيال، سېمونت، ياغاچ قاتارلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرىغا ۋە كان ماشىنىلىرى، خىمىيە سانائىتى خام ئەشيالىرىغىمۇ مۇھتاج بولىدۇ. ھالبۇكى، ئىمپورت قىلىنغان ماددىي ئەشيالارنىڭ پۇلىنى تۆلەش ئۈچۈن بولسا، ئاساسەن نېفىت ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنى، مەسىلەن، گىلەم، رودا، مەرمەر تاش، چىلان، تەمخۇرۇچ قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېكسپورت قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىككىلىسى خام نېفىتنىڭ مىقدارىنى ۋە ئېكسپورت قىلىنىدىغان نېفىتنى تازا كۆپەيتىشى لازىم. بۇنداق قىلىش خەلقئارا نېفىت بازىرىدا نېفىت باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە ۋە نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ تەشكىلاتى بەلگىلىگەن «مەھسۇلاتنى چەكلەش، باھانى ساقلاپ قېلىش» سىياسىتىگە زىت ئىش قىلىش ئەھۋالىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ، بۇ ھال باشقا نېفىت دۆلەتلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، گەرچە ئىران بىلەن ئىراق غايەت زور مىقداردا تاۋار ئىمپورت قىلىشقا مۇھتاج بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكى بازارلىرىنىڭ سىغىمى ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار نېفىتنى چەكسىز قېزىۋېرەلمەيدۇ ۋە چەكسىز ئېكسپورت قىلىۋېرەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ تاشقى پېرېۋوت كىرىمى چەكلىك بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە، تۆلەش ئىقتىدارى يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ-دە، ئىككى تەرەپنىڭ سودىسىنىڭ يەنىمۇ كېڭەيتىلىشى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ، تىجارەت قىلىش ئىمكانىيىتى يەنىلا خېلى چوڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇرغۇن دۆلەتلەر ئىران بىلەن ئىراقنىڭ دۆلەتنى يېڭىباشتىن قۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كۆپرەك مەنپەئەتكە ئېرىشەرمىزمىكىن دەپ، ئىران بىلەن ئىراقنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى بازىرىغا كۆز تىكىپ تۇرماقتا ھەمدە بىر-بىرىدىن قىزغىنىپ، ھەرىدەك ئېتىلماقتا. ئىران-ئىراق ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىتالىيە، ياپونىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلەر ئۆمەكلىرى كەينى-كەينىدىن باغدادقا ۋە تېھرانغا باردى. فېدېراتىپ گېرمانىيىنىڭ بىر مۇنچە شىركەتلىرى ئىراننىڭ ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا ئۇچرىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىشلىتىشى ئۈچۈن، ئىراننى ئېلېكتر ئېلىش ۋە توك تەقسىم قىلىش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلىمەكچى بولدى؛ جەنۇبىي چاۋشيەن ئىران بىلەن ئىراققا ئىككىلىكىنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقىش قەرز پۇلى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شۇ ئىككى مەملىكەتتە بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى كۆتۈرە ئېلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى (بىلىشىمىزچە، ئىران بىلەن ئىراقنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى

بىر نەچچە يىل ئىچىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا سالىدىغان مەبلىغى 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولىدىكەن)؛ فرانسىيە قاتارلىق بىر مۇنچە دۆلەتلەرنىڭ بىناكارلىق تارماقلىرىمۇ ئىران بىلەن ئىراقنىڭ نېفىتىنى سېتىۋېلىش ۋە ئۇلارغا قەرز پۇل بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق چوڭ تىپتىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى كۆتۈرە ئېلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ؛ ياپونىيە بولسا، ئاساسەن، ئۇلارنىڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرى ۋە نېفىت تۇرۇبىلىرى ياساش ئىشىنى كۆتۈرە ئېلىش جەھەتتە ھەدەپ كۈچ چىقارماقتا.

ئىران بىلەن ئىراقتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بازار ئۈستىدە بىز نېمىلەرنى قىلىمىز؟ ئاپتور شۇنداق دەپ قارايدۇكى، ھازىرقى رېئاللىقنى نەزەردە تۇتقاندا، بىز قىلغۇدەك ئىشمۇ يوق ئەمەس، ئەمما بەك چوڭ ئەمەس. ھازىر بىر مۇنچە دۆلەتلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتتى، رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن. بۇنىسى ئېنىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىمپورت ئىشلىرىدىن ئېيتقاندا، ئىران بىلەن ئىراقنىڭ نېفىتى بىزگە لازىم ئەمەس (بۇ ئىككى تەرەپنىڭ چوڭ سودا قىلىشالماسلىقىدىكى تۈپ سەۋەب)؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكسپورت قىلىنىدىغان تاۋارلىرىدىن قارىغاندا، بىز ئىران بىلەن ئىراققا تۆمۈر، پولات ماتېرىيال، سېمونت، ياغاچ بېرەلمەيمىز. ئەمما ئازراق ئاشلىق، كالا - قوي گۆشى ۋە كىچىك دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى، كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى بېرەلەيمىز. ئەمگەك كۈچى ئېكسپورت قىلىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىران ھازىر يۇقىرى مائاش ئارقىلىق ئىنژېنېر، دوختۇر، ئوقۇتقۇچى قاتارلىقلار ئىچىدىكى بىر قەدەر يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي - تېخنىكا خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ پارس تىلىنى ۋە ئىنگلىز تىلىنى پۇختا بىلىدىغان بولۇشىنى شەرت قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئىختىساسلىق خادىملار ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىنتايىن ئاز. بۇنىڭدىن باشقا، ئىراننىڭ دۆلەت ئۆلچەم ئىدارىسىنىڭ ئىمپوت قىلىنىدىغان تاۋارغا قويىدىغان تەلىپى پەۋقۇلئاددە قاتتىق. مەسىلەن، ئىمپورت قىلىنىدىغان ھەر قانداق يېمەكلىكنى ئالدى بىلەن ئۇسخا ئېلىپ تەكشۈرىدۇ. ئارقىدىنلا كىچىك ھايۋانلارغا يېگۈزۈپ، ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن رېئاكسىيىسىنى ۋە شۇ ھايۋاننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ تازىلىق ئۆلچىمىگە ۋە ئوزۇقلۇق تەلىپىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا باشلايدۇ؛ دۆلىتىمىزدىن ئىرانغا ئېكسپورت قىلىنغان «ئاسىيا»

ماركىلىق لامپۇچكا بىلەن «ليپىلىك» ماركىلىق لامپۇچكىلاردىن بىرسىمۇ ئۆلچەمگە توشمىغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىران بىلەن ئىراقتىن ئىبارەت چوڭ بازاردا بىز بەزى ئۇششاق - چۈششەك سودىنىلا قىلالايدىغاندەك تۇرىمىز، مۇشۇنداق ئۇششاق چۈششەك سودىنىمۇ ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ قىلىشىمىز. شۇنداق ئۇششاق - چۈششەك سودا ئارقىلىق، ئۆزىمىزنىڭ ياخشى ئىناۋىتىنى تىكلەپ، كەلگۈسىدە سودىنىڭ كېڭەيتىلىشى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشىمىز لازىم.

5. كۇۋەيت، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئۆزىمىزگە مەبلەغ سالىدىغان ئاساسلىق ئوبيېكت قىلىشىمىز لازىم. ئەمما ئۇزاق مۇددەت، جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلىشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلەيمىز. كۇۋەيت، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، بەھرەيىن، قاتار، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئومان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى نېفىت كىرىمى يۇقىرى دۆلەتلەردۇر. بۇ دۆلەتلەر نېفىت باھاسىنىڭ ئىككى قېتىم ئۆرلىشىگە تايىنىپ، نۇرغۇن ئامېرىكا دوللىرى يىغىۋالدى. ئەمما بۇ دۆلەتلەر مەبلەغنى سىغدۇرالماي، كېيىنكى چەت ئەللەرگە سالدى: بولۇپمۇ كۇۋەيت بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ چەت ئەللەردىكى بايلىقى ئىنتايىن زور، ھەر بىرىنىڭ چەت ئەللەردىكى بايلىقى 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ؛ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭمۇ 60 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىن بارىدۇ. بىزنىڭ بۇ دۆلەتلەر بىلەن نېفىت جەھەتتە كۆپ سودا قىلىشالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، بۇنىسى ئېنىق. ئەمما ئۇلارنىڭ مەبلىغىنى جەلپ قىلالىشىمىز مۇمكىن. ئاپتونوم رايونىمىز ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرغان رايون، نۇرغۇن مەبلەغنى سىغدۇرالايدۇ. بۇ دۆلەتلەرگە مەبلەغ سېلىشنىڭ ئەۋزەل بىخەتەر مۇھىتىنى يارىتىپ بېرىپ، ئوبدان ئىناۋەت تىكلىسەكلا، بۇ ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ. ھازىر كۇۋەيت مەملىكىتىمىزگە 350 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالدى، شىنجاڭمۇ ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئىشلەتتى، كۇۋەيت بۇنىڭدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. ئەمما كۇۋەيتنىڭ ئامېرىكىغا مەبلەغ سېلىشى (ئۇنىڭ ئامېرىكىغا سالغان مەبلىغى 60 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئىدى) ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن (بىر قېتىملىق ھەسسىدارلىق چېكى دولقۇنى كۇۋەيتنى 4 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق زىيانغا ئۇچراتقان)، ئۇ مەبلەغنى بىرلا مەملىكەتكە كۆپ سېلىۋېتىشتەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش قارارىغا كەلگەن. كۇۋەيت ھۆكۈمىتىنىڭ مەبلەغ سېلىشقا مەسئۇل بولغان بىر رەھبىرى ناھايىتى ئوبرازلىق قىلىپ: «تۇخۇمنى ئەمدى ھەرگىز بىر سېۋەتكە قاچىلىمايمىز» دېگەن.

شۇنداق ئىكەن، ئەمدىكى گەپ بىزنىڭ ھارماي - تالماي، خىزمەتنى پائال ئىشلەپ، ئۇسۇلغا دىققەت قىلىپ، تېخىمۇ ئېتىبار بېرىش سىياسىتى، تېخىمۇ يۇقىرى ئۆسۈم ئارقىلىق، ئۇلارنى ئاپتونوم رايونىمىزغا مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىشىمىزدا. سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كەلسەك، ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىمىز يوق. ئۇنىڭغا قارىتا خىزمەت ئىشلەش ۋەزىپىسى تېخىمۇ مۇشكۈل.

6. غەربىي ئاسىيادىكى نېفىت دۆلەتلىرى كەسپلەر قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە كىرىشىپ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئومۇميۈزلۈك دىققەت قىلماقتا. بۇ دۆلەتلەردىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى بارغانسېرى تارىيىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۆتمۈشتە، غەربىي ئاسىيادىكى بىر مۇنچە دۆلەتلەر بىر مەزگىل نېفىت سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقىلا دىققەت قىلىپ كېتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا سەل قاراپ قالغانىدى. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، غەربىي ئاسىيادىكى نېفىت ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتلەر ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئاشلىق ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى پۈتۈنلەي ئىمپورت قىلىش بەزى ئەھۋاللاردا ئىشەنچسىز بولىدىكەن، دەيدىغان ھېسسىياتقا كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكنى تۈگىتىشنىڭ چارىسىنى ئىزلەپ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پائال كىرىشتى، تېرىلغۇ كۆلىمى ناھايىتى كىچىك بولغان كۇۋەيت ۋە بەھرەيىن قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ شۇنىڭدەك پەۋقۇلئاددە ئېغىر قۇرغاقچىلىق بولۇپ تۇرىدىغان ئومانمۇ شۇنداق قىلماقتا. سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى 1975 - يىلدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئىلھام بېرىپ، دېھقانلارغا ئۆسۈمسىز قەرز، ھەقسىز يەر ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرى بېرىپ كەلمەكتە. دېھقانچىلىق دېھقانلارنىڭ ماشىنىلىرى، ئۇسكۈنە، ئوزۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە يەم-خەشەك سېتىۋېلىشقا چىقىم قىلغان خىراجىتىنىڭ 50%ىنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان بولدى، ھەر بىر توننا بۇغداي سېتىپ بەرگەن دېھقانغا 553 ئامېرىكا دوللىرى تولدۇرما بېرىدىغان بولدى (خەلقئارا بازاردىكى باھادىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق). يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان يېزا ئىگىلىككە 138 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سالدى. ھۆكۈمەتنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشى ئارقىسىدا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى زور دەرىجىدە ئالغا سۈرۈلدى. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 150 مىڭ گېكتاردىن 2 مىليون 300 مىڭ گېكتارغا يەتكۈزۈلدى، بۇغداينىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 2 مىليون 300 مىڭ تونناغا يەتكۈزۈلۈپ، بىرلىك مەھسۇلات بويىچە دۇنياۋى رېكورت يارىتىلدى. (ھەر بىر گېكتار يەردىن 6.7 توننا بۇغداي ئالىدىغان بولدى). بۇ يېزا ئىگىـ

لىكى يۇقىرى تەرەققىي قىلغان گوللاندىيىنىڭ (ھەر بىر گېكتار يەردىن بەش توننا بۇغداي ئالىدىغان) كىدىن 35% ئارتۇق. سەئۇدى ئەرەبىستاننى 1984-يىلدىن باشلاپ، بۇغداي بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىپ قالىدىغان ھەمدە ئەرەب ئەللىرىگە بۇغداي ئېكسپورت قىلىدىغان بولدى (1987 ـ يىلى 1 مىليون 400 مىڭ توننىدىن ئارتۇق ئېكسپورت قىلدى). ئاشلىقتىن باشقا، تۇخۇم، كۆكتات بىلەن بۇ دۆلەت ئىچكىدىكى ئېھتىياجىنى قامدايدىغان ھەمدە ئېكسپورت قىلالايدىغان بولدى. كۇۋەيت مەملىكەت بويىچە 500 نەچچە دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋە ئۆي قۇشلىرى فېرمىسى قۇردى، كۇۋەيتنىڭ بازىرى ئېھتىياجلىق بولغان كۆكتاتنىڭ 46% ىنى، سۈتنىڭ 45% ىنى، توخۇ گۆشىنىڭ 34% ىنى، تۇخۇمنىڭ 18% ىنى، بېلىقنىڭ 99% ىنى ئۇ فېرمىلار يەتكۈزۈپ بەرمەكتە. كېيىنلەر قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە يېزا ئىگىلىكىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بارىدۇ. بۇ رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى بارا ـ بارا تارىيىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۈركىيە، ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ چوڭ رىقابەتچىلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىسىنى مۇۋاپىق ھالدا تەڭشىشى، يەنى ئاشلىقنى غەربىي ئاسىيا بازىرىغا كىرگۈزۈلىدىغان ئاساسلىق تاۋار قىلماي، ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، شېكەر، پاختا (چۈمۈلدىن پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى)، تۇز، نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى (گىلەم، قاشتېشى بۇيۇملىرى)، گۆش، مېۋە كونسېرۋاسى، ئاز ئۇچرايدىغان مېتال، كان مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ھەجمى كىچىك، قىممىتى يۇقىرى، تاشقى پېرىپۋوتى كۆپ يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان، ئۇزاق مۇددەت ساقلىغىلى بولىدىغان مەھسۇلاتلارنى زور كۈچ بىلەن كۆپەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇقلۇق مەركىزىدە جايلىشىش، قاتناش لىنىيىسى ئۇزۇن بولۇش، توشۇش ئىشى قولايسىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىدە ماسلىشىپ، ئارتۇقچىلىقنى ئۈستۈرۈپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

7. دېڭىز قولتۇقى رايونى بازىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى زور، ئەمما تەلىپى يۇقىرى، ئۇ يەردە رىقابەت كۈچلۈك، بىز مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى جەھەتتە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىشىمىز لازىم. دېڭىز قولتۇقى رايونىدا ئىران بىلەن ئىراقتىن باشقا، كۇۋەيت، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، بەھرەيىن، قاتار، سەم-

ئۇدى ئەرەبىستانى، ئوماندىن ئىبارەت ئالتە دۆلەت بار. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى نېفىت كىرىمى يۇقىرى دۆلەتلەر، ئۇلاردىن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، قاتار، كۇۋەيت، سەئۇدى ئەرەبىستانى، بەھرەيىن قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەن (ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى ئەڭ يۇقىرى بولغان يىلى 26 مىڭ 740 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن، ھازىر 22 مىڭ 300 ئامېرىكا دوللىرى بولۇۋاتىدۇ، قاتارنىڭ 20 مىڭ 600 ئامېرىكا دوللىرى، كۇۋەيتنىڭ 15 مىڭ 410 ئامېرىكا دوللىرى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ 10 مىڭ 740 ئامېرىكا دوللىرى، بەھرەيىننىڭ 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى). بۇ مەملىكەتلەرنىڭ كىرىمى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغانلىقتىن، مەھسۇلاتقا بولغان تەلىپىمۇ يۇقىرى، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تازىلىق ئۆلچىمى ئۈستىدىكى تەلىپى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى، كىچىككىنە نۇقسانى بار مەھسۇلاتنى پرىيومدا شاللىۋېتىدۇ. ئەمگەك كۈچلىرى مۇلازىمىتىگە قويىدىغان تەلىپى تېخىمۇ يۇقىرى، مەسىلەن، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى ئابۇدابىدا بالا باققۇچى ياكى ئادەتتىكى ياللانما بولۇش ئۈچۈنمۇ ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرۈش سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان بولۇش ھەمدە ئەرەب تىلىنى ۋە ئىنگلىز تىلىنى تولۇق بىلىش كېرەك. بۇ يەر يەنە ھەممە دۆلەتنىڭ مەھسۇلاتى يىغىلغان يەر، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ مەھسۇلاتى شۇ بازارغا كىرگەن، بولۇپمۇ ياپونىيە، ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، تەيۋەن، جەنۇبىي چاۋشيەن، فېدېراتىپ گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ تاۋارلىرى بۇ يەردە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن. مەملىكىتىمىزنىڭ مەھسۇلاتى بولسا بۇ يەردە ئازراق، مەسىلەن، توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتى، فارفور قاچا، ئېغىز ئىسكىرىپكىسى، قۇلۇپ، ئامبۇر، چاي، ۋېلىسىپىت قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىلا بار، سانىمۇ ئاز. ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، كۇۋەيت قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىسىنىڭ سوممىسى يۈز مىليون ئامېرىكا دوللىرىغىلا يېتىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىسىنىڭ سوممىسى تېخىمۇ ئاز. بۇ شۇنداق دېگەنلىك بولىدۇكى، كەلگۈسىدىكى ئىككى تەرەپ سودىسى جەھەتتە يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور، ئىستىقبال پەۋقۇلئاددە كەڭ. ئەمما بۇ رايونغا ھەقىقىي رەۋىشتە كىرىش ئاسان ئەمەس، سۈپىتى ئەلا، باھاسى ئەرزان مەھسۇلات بولمىسا، غەلىبە قازىنىش قىيىن.

(ئاخىرى 17 ـ بەتتە)

ئۇ، مىللەتشۇناسلىق مىللەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، مىللەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى تەتقىق قىلىدۇ؛ جەمئىيەتشۇناسلىق جەمئىيەتنىڭ قانۇنىيىتىنى، جەريانىنى تەتقىق قىلىدۇ، دەپ قارىدى. مىللەتشۇناسلىق بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى بۇ چۈشەنچە مىللەتشۇناسلىق - جەمئىيەتشۇناسلىقتىن ئىبارەت بۇ يېڭى پەننىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس سېلىپ بەردى. بۇ پەننىڭ ۋەزىپىسى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەر خىل مىللەتلەر ئىچىدىكى ئالاھىدىلىكى ۋە مىللەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئىچىدىكى ئالاھىدىلىكىنى يېشىپ بېرىشتىن ئىبارەت ①.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتشۇناسلىقى رېئال مىللىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا يۈزلەندى. مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى بۇنداق بۇرۇلۇش مىللەت - جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئېچىپ بەردى. بۇ مەزگىلدە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار مىللەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا قاراپ مىللىي رايونلارنى ئايرىش، ئاپتونوم بىرلىكلەرنىڭ چېگرىسىنى ئايرىش، بەزى مىللەتلەرنى پەرقلەش ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا، مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانىنى تەتقىق قىلىش بۇ ۋەزىپىنىڭ مەركىزى بولدى. مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانى توغرىسىدىكى تەتقىقات ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (1) ماكرو جەھەتتىكى تەتقىقات يەنى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي يۈزلىنىش ۋە ئالاھىدىلىكىنى سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدە، ھەتتا دۇنيا مىقياسىدا تۇرۇپ ئومۇمىي جەھەتتىن ئېچىپ بېرىش. (2) مىكرو جەھەتتىكى تەتقىقات، يەنى بىرەر جاينىڭ ياكى بىرەر مىللەتنىڭ مەلۇم بىر تەرەپتىكى ئۆزگىرىشىنى مەسىلەن، بىر مىللەتنىڭ نوپۇسى، تىلى، مەدەنىيىتى، پىسخىكىسى قاتارلىقلارنى كونكرېت تەھلىل قىلىش.

---

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاچقۇچ شۇ يەردىكى، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى ئۈستىدە كۈچ چىقىرىش كېرەك.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى [ئىچكى ژۇرنال]» نىڭ 1990 - يىللىق 1 - سانىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: زايىت رەھىم